غول بجانشہ ھر

# تاریخ نثیہ اللسری

[illegible]

# مۇندەرىجە


«ئىلىدا ئەك» ھەققىدە پاراڭ ...................... لەي خۇگبۇ (1)

ئالتۇن قۇببىلىق سومەنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بىلىدىغانلىرىم ............................................. دىڭ باتو(10)

غۇلجا شەھەر بىزا ئىگىلىكىدىن بىلىدىغانلىرىم ...... لىۇ شىگىي(17)

ھەرانباغ گازارمىسى ھەققىدە پاراڭ ...................... لى يە(37)

ئىلىدىكى پارچە - پۇرات ئىشلار ھەققىدە ........................................................... شى ۋىن، خۇڭ جى، گىلى(47)

ئىلى سەرەڭگە زاۋۇتىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششى ھەققىدە ............................................................ جا ئىنخۇ(59)

ئىلى خۇيزۇلىرىنىڭ «خۇائىبرى» ھەققىدە ............ ما ۋىنيۇەن(65)

ئۇنتۇلماس 7 مىڭ كىشىلىك زور يىغىن ............ لىۇ فىڭچى(71)

پىشقەدەم شەھەر باشلىقى ھەسەنۇپنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ياد ئېيتىمەن ........................................ نې زىكۇي(82)

خەن يۇشۇنىڭ قىسقىچە تەرجىماھالى ................ ما لىزى(89)

ئىلى مۇھاپىزەت ئەمەلدارى ياڭ فىيشانى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........................................................................ ۋىنجى(98)

ئىلى جاڭجۇنى گۇاڭ فۇ ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........................................................................ ۋىنجى(104)

چاڭ خۇي ھەققىدە ............................ خوڭ تاۋ(109)

ئىلىغا تۇنجى قېتىم كەلگەن ئەلچى جاڭ چەن ...... خوڭ تاۋ(114)

تاڭ دەۋرىدە ئىلىدا تۇرغان ئەمىرلەشكەر — سۇ دىڭفاڭ ........................................... لەي خۇگبۇ، يىڭ سۇگنەن(125)

خۇڭ لياڭجى ۋە ئۇنىڭ ئىلى ھەققىدە يازغان ئەسىرى............ (خۇڭ لياڭجى ئەمىلىدىن ئېلىنىپ ئىلىغا پالانغانلىقىنىڭ 196 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن) .................. لى زىجىي(147)

«شىنباۋ» گېزىتى توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە پاراڭ ........................................................ خوڭ تاۋ(160)

# «ئىلىدا ئەڭ» ھەققىدە پاراڭ

**لەيخوڭ بۇ**

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تاشقىنلاۋاتقان تارىخ دولقۇنى چەت غەربى چېگرىغا جايلاشقان ئىلىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرمەكتە، دۇنيامۇ ئىلىنى بىلمەكتە.

«ئىلى قانداق جاي؟» داگلىق يازغۇچى ۋاڭ مىڭ 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا تۇنجى بولۇپ بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ، ئىلى «بىر ئوبلاست، كىچىك شەھەر، بىر خىل تۇرمۇش ھېسسىيات ۋە قىزىقىش، ھاياجان تارىخ ۋە مۇھىم جاي، شۇنىڭدەك بىر خىل بەخت ۋە قانائەت، مەڭگۈ كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان گۈزەل ماكان» دېگەن ئىدى. ۋاڭ مىڭ ئۆز تونۇشى، تەسىراتىنى ئېيتتى. بۇ، ئىلىدا بۇرۇن تۇرغان بىر شەخسنىڭ 2 - ئانا يۇرتىنى سېغىنىش — مۇھەببىتى ئىدى!

ئىلىنى بېلىش، تەشۋىق قىلىش، دۇنياغا تونۇتۇشنىڭ ئەڭ ئاددى ئۇسۇلى «ئىلى»نى تونۇشتۇرۇشدىنلا ئىبارەت. «ئىلىدا ئەڭ» ھەققىدىكى پاراگدا، ئىلى تارىخى، گۈزەل مەنزىرىسى، ئېتنوگرافىيىسى... ۋە كۆزلەرنى چاقنىتىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرىلىرى يىغىنچاق تەسۋىرلەنگەن.

## ئىلى ئېتنوگرافىيىسى

ئىلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئوتتۇرا ئۈزلەڭ مەركىزىي خانلىقى بىلەن

ئەڭ بۆرۆن ئىستىراتىگىيىلىك مۇناسىۋەت ئورنىدىكى مۇھىم جاي شىنجاڭدا ئىلى بولغان ئىدى. ئۇيسۇنلار ئىلىدا دۆلەت قۇرغان، كېيىنكى ۋاقىتتا يۈبەن، غەربىي تۈرۈكلەرنىڭ قارار گاھى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى، ئىلبالىق، جوڭغار خانلىقىنىڭ مەركىزى ئىلىدا بولغان. 2 مىڭ يىلدىن بېرى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئىلى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان كەڭ زېمىنغا ئىگە گۈزەل مەنزىرىلىك ماكان بولۇپ كەلمەكتە. مەنچىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئىلى شىنجاڭنىڭ مەركىزى بولدى. ئىلى كۆپ مىللەت، كۆپ ئىرق ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن جاي ئىلى.

جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ نوپۇسى ئىلىدا ئەڭ كۆپ. مەملىكەت بويىچە بىردىن - بىر شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان جاي.

مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى ئەڭ كۆپ جاي ئىلى. ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان جايمۇ ئىلى.

يەرناملىرى ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئەڭ كۆپ ئاتىلىدىغان جاي ئىلى.

گۇاڭشۈينىڭ 29 - يىلى (مىلادى 1903 - يىلى) روسىيىنىڭ ۋېرنا شەھىرىگە (ھازىرقى ئالمۇتاغا) ئىلى ئەڭ بۇرۇن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. بۇ، ئوقۇغۇچىلار 1908 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلدى. چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەڭ بۇرۇن ئوقۇغۇچى چىقارغان جاي ئىلى.

1902 - يىلى تۇنجى ھەربىي مەكتەپ ئىلىنىڭ كۈرە قەلئەسىدە قۇرۇلدى.

شىنجاڭ بويىچە ئىككى خىل تىل - يېزىقتا ئوقۇتۇش ئىشى ئەڭ بۇرۇن ئىلىدا باشلاندى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) ئىلىدىكى شىبە بارگاھ باشلانغۇچ مەكتىپىدە شىبە، سولون تىللىرىدا دەرس ئۆتۈلدى.

ئىلى ھەر مىللەت خەلقى شانلىق ئىنقىلاب ئەنئەنىسىگە ئىگە جاي.

شىنجاڭدا شىنخەي ئىنقىلاب بايرىقىنى تۇنجى قېتىم كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن جاي ئىلى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىلىدىن باشلانغان، جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب تارىخىدا، تۇنجى قېتىم دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلغان جاي ــ ئىلى.

چيەنلۇڭنىڭ 29 ـ يىلى 8 ـ ئايدا (مىلادى 1764 ـ چىڭ سۇلالىسى يىلى) ئىلى قارمىقىدىكى كۆرەدە گەنسۇ پەرمان جوجوقىغا قارايدىغان نازارەت ئەڭ بۇرۇن تەسىس قىلىنغان.

ئىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ «ئەۋلىيالار بوتخانىسى» ھازىر شىنجاڭدا ساقلىنىپ قالغان ئەڭ كاتتا، ئەڭ قەدىمىي لاما بوتخانىسى بار جاي ئىلى.

مەنچىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم «9 قەلئە» ئىلىدا سېلىنغان.

مەنچىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا سېلىنغان كۈرە قەلئەسى ساقلىنىپ كەلگەن جاي ئىلى.

مەملىكەت بويىچە مەشھۇر شەخسلەر سۈرگۈن قىلىنغان جاي ئىلى. مىللىي قەھرىمان لىن زېشۈي، دېڭ يەنجىن، ئاتاقلىق ئالىم شۈ سۇڭ، چى يۈنسى، خۇڭ لياڭجى ۋە باشقىلار سۈرگۈن قىلىنىپ ئىلىدا تۇرغان. ئۇلار شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئىلىدا يېزىپ قالدۇرغان.

خەن سۇلالىسى خانى ئۇددى «غەرىپ دولدۇلى ھەققىدە غەزەل» نى يازغان ئىدى. بۇ غەزەل جۇڭگونىڭ خان پادىشاھلىرى شىنجاڭ ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن يازغان غەزەل ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيسۇنغا ياتلىق بولغان شيجۈن مەلىكە (نازاكەتلىك مەلىكە) «سېرىق تىرنا غەزىلى» نى ئىلىدا يازغان. بۇ غەزەل جۇڭگو شېئىرىيەت تارىخىدا



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook

شنجاڭ ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ داڭلىق ئەسەر.

جۇڭگو ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى لوتپۇللا مۇتەللىپ ئىلىدا تۇغۇلغان.

جۇڭگو قازاق شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى تاڭجارىق ئىلىدا تۇغۇلغان.

لى ۋېيدۇڭ قاتارلىق كىشىلەر 1986 ـ يىلى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ئېلان قىلغان ئىلى ھايۋاناتلىرىنىڭ يېڭى خىلى ئىلىنىڭ تاغلىرىدا بايقالغان.

لى سۇڭچۈەن قاتارلىق كىشىلەر مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم... كېسەللىك مەنبەسى ۋە مەسىلىنى ئىلىدا بايقىغان.

«ئىلى ئاممىباپ تىل گېزىتى»1910 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كۈرەدە نەشر قىلىنىپ تۇنجى قېتىم شىنجاڭ بويىچە تارقىتىلغان جاي ئىلى.

مەملىكەت بويىچە شىبە تىلىدا چىقىدىغان «چاپچال گېزىتى» نەشر قىلىنىدىغان جاي ئىلى.

مەملىكەت بويىچە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «ئىلى كەچلىك گېزىتى» كۆپ تىلدا چىقىدىغان كەچلىك گېزىت تاجىسى ھېسابلىنىدۇ.

1934 ـ يىلى «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» ئىلىدا چىققان. بۇ گېزىت 30 ـ، 40 ـ يىللىرى شىنجاڭ تارىخىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل تۆت تىلدا ئىلىدا نەشر قىلىنغان.

«خەلق بېتەكچىسى گېزىتى»جۇڭگونىڭ شىنجاڭ تارىخىدا رۇس تىلىدا چىققان بىردىن ـ بىر گېزىت، بۇ گېزىت 40 ـ يىللىرى ئىلىدا تارقىتىلدى.

روسىيە تۇنجى قېتىم ئىلى كۈرە قەلئەسىدە كونسۇلخانە قۇردى. چىڭ سۇلالىسى شەنفىڭ 3 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ( مىلادى 1853 ـ يىلى) بۇ كونسۇلخانە رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. جۇڭگو تارىخىدا چەتئەل

كونسۇلخانىسى تۇنجى قېتىم ئىلىدا قۇرۇلدى.

## قۇرۇلۇشقا يول ئېچىشتا ئەڭ

ئىلى شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. بوز يەر ئېچىش، دېھقانچىلىق قىلىش شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن ئىلىدا باشلانغان. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش نەتىجىسى ئەڭ كۆرنەرلىك بولغان جاي ئىلى.

جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا بوز يەر ئېچىش، دېھقانچىلىق قىلىشنى ئەڭ بۇرۇن يولغا قويغان جاي ئىلى.

خەن سۇلالىسى پادىشاھى ئۇدى، يۈەنپىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىدىن 105 يىل ئىلگىرى) ئۇيسۇننىڭ ئوتتۇرا قىسمى بولغان ئىلىدا خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بوز يەر ئېچىش دېھقانچىلىق قىلىشنى يولغا قويغان. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بوز يەر ئېچىش، دېھقانچىلىق قىلىش ئەڭ بۇرۇن ئىلىدا يولغا قويۇلغان ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇ يەردە مانجۇلار، چېرىكلەر، مۇسۇلمانلار، پۇقرالار، كۆچمەنلەر بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان.

«ئىلىدىكى تۆت بارگاھ» (شىبە، سولون، چاخار، ئولوت) جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن ئۇزۇن ۋاقىت چېگرا ساقلاپ، بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان 8 ئەلەملىك تەشكىل ھېسابلىنىدۇ. 1938 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14- كۈنى ئىلى بوز يەر ئېچىش، دېھقانچىلىق قىلىش مەھكىمىسى بۇنىي كۆچىدىن قالدۇرۇۋەتكەن، ئىلى بوز يەر ئېچىش، دېھقانچىلىق قىلىش مەھكىمىسى ــ جۇڭگونىڭ بوز يەر ئېچىش، دېھقانچىلىق قىلىش يېقىنقى زامان تارىخىدا بىردىن ـ بىر مۆلكى ئورۇن بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشنى يولغا قويغان مەھكىمە بولغان. 1938 ـ يىلــــى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

كۆرە قەلئەسى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا تۇنجى قېتىم سىرتقا

ئېچىۋېتىلگەن شەھەر، چاروسىيە 1853 ـ يىلى بۇ جايدا ئەڭ بۇرۇن سوداچەمبىرىكى قۇرغان. ئىلى قورغاس چېگرا ئېغىزى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ چېگرا ئېغىزى ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا چەتئەل بىلەن ئەڭ بۇرۇن سودا توختام تۈزۈپ، چېگرا سودىسى ئىلىدا يولغا قويۇلغان. 1920 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىلى ئامبىلى شۇ گوجىڭ سوۋېت روسىيە تۈركىستان خەلق كومىسسارىئاتى ۋەكىلى لىماليۇ بىلەن 10 ماددىلىق كېلىشىم (يەنى «ئىلى ۋاقىتلىق سودا شەرتنامىسى، يەنە بىر ئىسمى ئىلى يىغىن قارارى») تۈزۈپ ئىلى بىلەن ئالمۇتا ئۆز ئارا سودا ئالاقە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىشنى بەلگىلىگەن جاي ئىلى.

جۇڭگو سىرتتىن ئالىي سورتلۇق خۇش پۇراق لاۋاندا ئۆسۈملۈك كىرگۈزۈپ ئەڭ بۇرۇن ئىلىدا ئۆستۈرگەن. لاۋاندا ئۆسۈملۈك مېيى مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە 90 پىرسەنتتىن تۆۋەن سالماقنى ئىگىلەپ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىلىلىق شىبە مىللەت تورسى توڭ رۇڭچاڭ 1936 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چوڭ تىپلىق دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى ۋە تراكتور سېتىۋېلىپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا يول باشلىغان جاي ئىلى.

جۇڭگودا ئاز ئۇچرايدىغان مىسكان ئورنى ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە تېپىلغان. بۇ، شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن تېپىلغان كان قۇدۇقى ھېسابلىنىدۇ.

ئىلى ئاق ئۆستىڭى (ھازىرقى خەلق ئۆستىڭى) شىنجاڭنىڭ تارىخىدا ئەڭ زور سۇ ئىنشائات ئەسلىھە ھېسابلىنىپ، سۇ يەتكۈزۈش دائىرىسى شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئىلىدىن چىقىدىغان سۈت مەھسۇلاتى شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي سۈت مەھسۇلاتىنىڭ 60

پىرسەنتتىن ئارتۇقراقى ئىلىدىن چىقىدۇ.

مەنچىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ پادىشاھى ئىلىدا «ئىلى ئات زاۋۇتى» قۇرغان. بۇ زاۋۇتنىڭ كۆلىمى زور، قۇرۇلغان ۋاقتى بالدۇر بولۇپ، شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئىلى دۆل - دۆل ماكانى. ئىچكى جايلارغا ئويسۇن ئاتلىرىنى يەتكۈزۈشتە شىنجاڭدا ئىلى بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان.

ئىلى موڭغۇلكۈرە نەسىللىك ئات فىرمىسى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئاتچىلىق فىرما. ئۇ، 1940 - يىلى قۇرۇلغان.

ئىلى كۈنەس نەسىللىك قوي فىرمىسى جۇڭگودا ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭ دائىرىسى ۋە 20 دىن ئارتۇق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ 2 يۈز مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلى كىرگۈزۈلدى.

ئىلى تېچۇ ھارىقى مەھسۇلات سۈپىتى، مىقدارى جەھەتتە شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىلى ئوران كانى جۇڭگودا بىرىنچى تۈركۈمدە قۇرۇلغان كان بازىسىنىڭ بىرى.

ئىلى موڭغۇلكۈرە ماي زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتى شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## ئىلى ماتېرىيالدا ئەڭ

ئىلىنىڭ تاغ دەريالىرى گۈزەل، ھاۋا كىلىماتى يېقىملىق، ئۆزىدىن ھەممە نەرسە چىقىدۇ. تەبئىي بايلىقى مول، ھەممە كىشى تەھسىن ئېيتىپ ئاپىرىن ئوقۇيدىغان جاي.

ئىلىنىڭ تەبئىي سۇ بايلىقى «يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۇ» لىرىنىڭ كىشى بېشىغا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىقدارى ۋە مو بېشى ئوتتۇرىچە مىقدارى مەملىكەت بويىچە يۇقىرى ئورۇندا، شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇندا

تۇرىدۇ.

ئىلى رايونىنىڭ دەريا ئېقىنلىرى زىچ، شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىلى دەرياسى شىنجاڭدا ئېقىن مىقدارى ئەڭ چوڭ دەريا.

ئىلى تەبئىي ئورمىنىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 23 ملىيون 800 مىڭ مو، ياغاچ ماتېرىيال زاپىسى 64 ملىيون 220 مىڭ كوبا، شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇنغا ئىگە.

ئىلى شىنجاڭدا ئەڭ زور زىغىر چىقىدىغان جاي.

ئىلى ياۋروپا ياۋا ئالۇچىسى تارقالغان، ساقلىنىپ تۇرغان بىردىن - بىر جاي.

ئىلى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ياۋا كۆكسۇلتان تارقالغان جاي.

ئىلىدا جۇڭگىي دورا ماتېرىياللىرى ناھايىتى مول، سوغۇچۇل، سېرىق كەندىر، بۇغا مۈڭگۈزى، دىگزىيا، ھىڭ، قارلەيلىسى، قۇم جىگدە، ئۆرۈك مېغىزى ۋە باشقىلار بولۇپ 20 نەچچە خىل دورا ماتېرىيالى چىقىدۇ. مەھسۇلات مىقدارى شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇنغا ئىگە. ئىلى سوغۇچۇلى ۋە ئىلى يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى جۇڭگو بويىچە داڭلىق، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا سېتىلىدۇ.

ئىلى قارا ھەرىسى مەملىكىتىمىزدە ئېسىل سورت ھەرىلەرنىڭ بىر تۈرى. ھەرىنىڭ توپلىنىش كۆلىمى ۋە مەھسۇلاتى شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئىلىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدىن چىقىدىغان تاشپاقا ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى رايونىدا كام ئۇچرايدىغان بىردىن - بىر ھايۋانات تۈرى.

ئىلىنىڭ توققۇزتارا ناھىيىسىدىن چىقىدىغان ياۋا ياڭاقلىق مەملىكەت ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرغان كام ئۇچرايدىغان ئورمان، ئىلى قاش دەرياسىنىڭ سايىدا ئۆسكەن ئۇششاق يوپۇرماق ئەرمودون ئورمىنى جۇڭگودا ياۋا

ئەرمودون يىغىنچاق تارقىلىپ ئۆسكەن بىردىن - بىر جاي.

ئىلى ياۋا مېۋە ئورمانلىقى تاختا ۋە ئارالچە شەكىلدە تارقالغان، ئومۇمىي كۆلىمى 300 مىڭ كوۋادىرات مو، جايلاشقان يېرى 20 مىڭ كوۋادىرات كىلو مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىلى ياۋا ئۆرىكى جۇڭگودا ياۋا ئۆرۈك يىغىنچاق تارقالغان جايلارنىڭ بىرى.

ئىلى قۇرغاس ناھىيىسىنىڭ چېگرا ياقىسى ۋە ئەتراپىدىكى دەريا، سايلاردا قۇرۇقلۇقدىمۇ، سۇدىمۇ ياشايدىغان شىنجاڭ سەمەندەرى جۇڭگودا كام تېپىلىدىغان بىردىن - بىر ھايۋان. ئىلى ئېگىزلىكىدە ياشايدىغان چار يىلان جۇڭگودىلا ئۇچرايدىغان بىردىن - بىر يىلان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەرنى خۇلاسىلىغاندا ئىلى دىيارى ھەقىقەتەن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان گۆھەر زېمىن. بايلىقى تولا تەبىئىي غەزىنە، ئادىمى ئۇلۇغ، يېرى كەڭ بىر ماكان. دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە يۈز بەرگەن يېڭى تارىخى ۋەزىيەتتە، يېڭى ئەسىر باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ياخشى پۇرسەتتە، ئىلى تېخىمۇ ئۆرلەپ ئۇچۇش ياخشى تەبىئىي شارائىتقا ئىگە. جۇڭگوچە سوتسىيالىزىم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەتكە يېتىش يولىدا «ئىلىدا ئەڭ» تېخىمۇ ئۈزۈلمەي ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئىلى ئۆزىنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆتمۈشى، جۇشقۇنلۇق بۈگۈنى بىلەن شان - شەرەپلىك ئەتىگە چوقۇم يەتكۈسى.

**س. مۇھەممەتجان (ت)**



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook

# ئالتۇن قۇببىلىق سومە (جىڭدىڭشى) نىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بىلىدىغانلىرىم

دىلى باتۇ

ئالتۇن قۇببىلىق سومە (جىڭدىڭشى) جۇڭغار خانلىقى زامانىسىدا غۇلجا شەھەرىنىڭ كۈن چىقىشىدا شەھەر ئەتراپىغا ياسالغان كۆلىمى زور، شىزاڭ (تىبەت) دىن تارقاتقان بۇددا گىلو مەزھىپىنىڭ ئىبادەتخانىسى. موڭغۇل تىلىدا يىگزا دۇگاڭى، خەنزۇ تىلىدا ئالتۇن قۇببىلىق ئىبادەتخانا ئاتىلىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئالتۇن قۇببىلىق سومە ــــ جىڭدىڭشى دەپ غۇلجا ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان. شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ نامىنى بۇتخانا نامى بىلەن ئاتىغان بۇنداق مىساللار ناھايىتــــى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئۈرۈمچىنى خۇڭ مياۋزى (قىزىل بۇتخانا)، ئالتاي شەھىرىنى چىڭخۋاشى، «جاۋسۇ»، مىللىي تىلدا مۇڭغۇلكۈرە، يەنى مۇڭغۇل بۇتخانىسى، قورغاس ناھىيىسىنىــــڭ خۇييۈەن قەلئەسى مىللىي تىلدا كۈرە يەنى ئىبادەتخانا (بۇتخانا) ئاتىلىپ كەلگەنگە ئوخشاش. غۇلجا (ئەينى زاماندا نىڭيۈەن قەلئەسى ئاتالغان) كېيىن جىڭدىڭشى (ئالتۇن قۇببىلىق ئىــــبادەتخانا، سومە) ئاتىلىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، جىڭدىڭشــــى (ئالتۇن قۇببىلىق سومە) ناھايىتى كونا ۋە نامى مەشھۇر. شۇنى

ئېيتىشقا بولىدۇكى: «ئاۋال جىڭدىڭشى قۇرۇلغان، ئاندىن كېيىن نىڭيۈەن (غۇلجا) قەلئەسى بىنا قىلىنغان.

ئەپسۇسكى، نامى مەشھۇر جىڭدىڭشى (ئالتۇن قۇببىلىق سومە) ھازىر خارابىغا ئايلانغان بىر دۆڭلا قاپتۇ. جىڭدىڭشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى 100 يىلغا يەتمەيدىغان بۇ خارابىلىق ئۇيغۇر تىلىدا قۇنتاجى ئاتالغان بولسمۇ، بۇ سۆز مۇڭغۇلچە «خۇنتەيجى» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى بولىدۇ. «خۇنتەيجى» سۆزى «خانزادە» ياكى خاننىڭ چوڭ خان زادىسى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «خۇنتەيجى» دېگەن سۆز جۇڭغار خانى غالدان سىرىن (1745 ـ 1695 ـ يىللىرى) نىڭ نامى ئىدى. غالدان سىرىن نامى مەشھۇر سېۋىن ئارابىدان (1745ـ1697ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، سېۋىن ئارابىدانغا ئۆز زامانىسىدا، شىزاڭ (تىبەت) دىكى دالاي لاما تەرىپىدىن «خۇنتەيجى» ئاتىغى بېرىلگەن. ئەمدىلىكتە «خۇنتەيجى» سۆزى ئاتا ـ بالا ئىككەيلەننى بىلدۈرسە كېرەك. قەبىلە ئاقساقالى بولغان بۇ ئىككەيلەن بىر زامانلاردا جىڭدىڭشى (ئالتۇن قۇببىلىق سومە) نى مەشھۇر ناملىق قىلىۋەتكەن. ئەندى جىڭدىڭشىنىڭ خاراب بولۇپ كەتكەنلىكىگە دائىر سەۋەبلەر ئۈستىدە توختىساق، ئۇنى ئامۇرسانا قوزغىغان ئۇرۇش خاراب قىلىۋاتكەن دېگەن ئومۇم قاراش بار. ئامورسانا يېڭىلىپ قاچقاندا بۇ ئىبادەتخانىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، نامى مەشھۇر جىڭدىڭشىغا ئوت قويىۋېتىپ، ئۇنى ھازىرقى بىر خارابىغا ئايلاندۇرىۋەتكەن دەيدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ ئوڭ قىتىدا جىڭدىڭشى نامىغا قاتار قىلىپ ياسالغان كۈمۈش قۇببىلىق سومە (قاينۇق دوگاگى) نىمۇ ئەشۇ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا خارابلاشۇرىۋەتكەن، كېيىنكى چاغدا مەنچىڭ چېرىكلىرى ئىستىھكام ياساش ۋاقتىدا دوگاڭ قۇرۇلۇشلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ۋەيران قىلىۋەتكەن، دېگەن گەپلەر بار.

جىڭدىڭشى راستىنلا ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا خارابىغا ئايلىنىپ كەتكەنمۇ؟ موڭغۇللار ئۆز مىللىتىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايى بولغان ئىبادەتخانىسىنى راستىنلا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەندىمۇ؟ قاچان شۇنداق قىلىۋەتكەن، ئەينى چاغدىكى نەق ئەھۋال زادى قانداق بولغان ئىدى؟ قەلەمكەش مەنچىلىك ئەمەلدارلىرى يېزىپ قالدۇرغان ئانچە - مۇنچە خاتىرىلەردىن ئانچا قانائەتلەنمىدىم، موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغان تارىخىي ھۆججەتلەرنى ۋە روسىيىلىكلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن يېزىپ چىققان خاتىرىلەرنى ئاختۇرۇپ كۆرگىنىمدىن كېيىن مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: «جىڭدىڭشىنى ئامورسانا ۋەيران قىلىۋەتكەن ئەمەس، بەلكى ۋاقتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن مەلۇم بىر قېتىمقى ئۇرۇشتا سىرتتىن ياردەمگە كەلگەن قوشۇن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

موڭغۇل تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەردە: 1753 - يىلى قىش، جۇڭغار خانلىقىدىن داباچ ئۆزىدىن خانلىق ئورنىنى تالاشقان ئامورساناغا قارشى ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، ئامورسانانى يېڭەلمىگەن. بۇ ھەرىكەت ھەلە - مىكىرلىك ئامورسانانىڭ ئوغىسىنى ئاينىتىۋەتتى - دە، ئۇ، داباجىنىڭ ئەدىۋىنى بىر بەرمەكچى بولۇپ، ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇشنى ئويلىغان ئامورسانا داباجىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن قازاقلارنىڭ باشلىقى ئابلايخاندىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئابلايخان 5000 نەپەر قوشۇن، 400 تۇياق ئات، 700 توگە بىلەن ياردەم بېرىشكە ئاتلىنىدۇ. ياردەمگە كەلگەن قوشۇن ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ يۈرۈش قىلىپ، مېڭىپ غۇلجىنىڭ غەربىي شىمالىدىن جىڭدىڭشى ئەتراپىغا ھوجۇم قىلىدۇ، داباجىنىڭ ئۈچ ئوتوقى(ئوتوق —— جوڭغار خانلىقى مەمۇرى ئاپپارات تۈرلىرىدىن بىرى، ئەينى چاغدا جۇڭغار خانلىقىدا 24 ئوتوق بار ئىدى) نى يەنى: ئورغۇتۇن ئوتوقى، بوكۇس ئوتوقى، داموتۇ ئوتوقلىرىنى ۋەيران قىلىپ

تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىشىدىكى جىگدىگشى، يىگدىگشلارغا ئوت قويۇۋېتىپ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. شۇ چاغدا ئامورسانا بۇتارامدىن يۇرۇش قــــىلغان قوشۇندا بولماستىن بەلكى ئۆز قوشۇننى شەرقتىن جىگدىگشىغا يۇرۇش قىلغۇزۇپ، شەرق ۋە غەرب بولۇپ ئىككى تەرەپتىن داباجى ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇشتا تەڭ كېلەلمىگەن داباج كەڭسايىنىڭ ئۆرىگە قاراپ چېكىنىپ ھودۇققان پېتى بورتالا تەۋەسىگە قېچىپ ئوتتۇۋالىدۇ. قازاق قوشۇنــــــىڭ ياردەم بەرگەنلىكى توغرىسىدا تىك تىكـــىن تەرىپـــــدىن يېزىلغان «موڭغۇللارنىڭ تارىخي مەنبەسى» دېگەن كىتابتا ئېنـــىق خاتىرىلەر بار. ئۇنىڭدا ياردەمگە كەلگەن قازاق قوشۇنغا دۆلەت شالىن ئويان ۋە بالالىنشىن ئويان دېگەن ئىككى كىشى باشچىلىق قىلغان بولۇپ، مۇشۇ قازاقلار قوشۇنى جىگدىگشى بىــلەن يىگدىگشنى ۋەيران قىلىۋەتكەن دېيىلگەن.

بۇ ئىككى ئىبادەتخانىنىڭ ياسىلىشى خاتىرىلەردە ئېنىق يېزىلغان. شىزاڭلىق بالدان غابون پەنگىلۇن جوڭغار خانلىقىنىڭ قېشىغا كەلگەندە ناھايىتى ئەتىۋارلانغان. غالدان خان ئۇنىڭغا: «سىلەر ساڭرام ئورنى تاللاشنى ياخشى بىلىسلەر، ماڭىمۇ بىر ساڭرام ئورنى تاللاپ بەرسەڭلار» دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. بالدان غابوپەنگىلۇن بىر ئورۇننى تاللاپ كېلىپ: «بۇ جاي خۇددى ئارغۇن كالا مۇنگىزىگە ئوخشايدۇ، ئىبادەت ئورنى قىلىشقا تازا كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى جاي» دەپ مەلۇمات قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىش باشلىنىپ، ئىبادەتخانا سېلىنىدۇ. ئىبادەتخانـــىغا جايلاشتۇرۇلغان مىلى بۇدداغا ئىبادەت قىلىش باشلىنىدۇ. غالدان يەنە بىر كۈنى ئــەمــدى يـــەنـــە بـــىر ئــورۇن تــالــلاپ بەرسەڭلار قانداق؟ - دەپ پىكىر سورايدۇ. بالدان غابون يەنە بىر ئورۇننى تاللاپ كېلىپ: «بۇ جاي خۇددى غۇلجىنـــىڭ (ئارقارنىڭ) باش سۆڭىكىگە ئوخشايدىغان ئورۇن. ئىبادەتخانا سېلىشقا بەكمۇ لايىق» دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

يەنە ئىش باشلىنىپ ئىبادەتخانا ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا بىر كۆمۈش مۇنارە ياسىتىپ داجى بۇددانىڭ مەبۇدىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا ئەگىمەش مۇنگۇزگە ئوخشايدىغان بۇ ئىككى دۆگدە مۇنارە تۇرغۇزغۇش خەتەرلىك ئىدى، مۇنارە پۈتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي لىڭشىپ تېزلا غۇلاپ چۈشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مۇشۇ ئىككى ئىش كاساپىتىدىن غالدان ئۆز جېنىنى سېلىپ بەرگەنمىش. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە دىنىي بەربات بولۇپ ناھايىتى چوڭ زىيان يەتكەن. ھايۋانات نامىدا بۇتخانا سېلىش، مۇنارە تۇرغۇزۇشنىڭ ئۆزى مەغلۇبىيەت ۋە ماماتلىقتىن دېرەك بېرىدىكەنمىش. غالدان خان كۆچىيىپ ۋە چۈشكۈنلىشىپ ئاخىرى بېرىپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىدىكى مەلۇم جايدا دۇنيادىن ئۆتتى. جەسەدى لامالىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلدى.

ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خاتىرىلەردىكى دىنىي تۈس ئالغان قاتمۇ - قات تۇمانلارنى بىر ياققا قايرىۋەتكەندە بىز شۇنى يۇرەكلىك پەرەزقىلالايمىزكى، جىگدىگشى، يىگدىگشىلارنىڭ ئاساسى غالدان دەۋرىدىلا (1671 - 1697 - يىللىرى) سېلىنغان، كېيىنكى كۆنلەردە دائىرىسى كېڭەيتىلگەن، يىگدىگشى جىگدىگشىدىن كېيىن سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئادەتتە، جىگدىگشى غەربى شىمال رايونىدا خېلى بۇرۇن سېلىنغان چوڭ ئىبادەتخانىلارنىڭ بىرى، يىگدىگشى كۆلىمى جىگدىگشىدىن خېلى زور ئىكەنلىكىنى ھازىرقى خارابە ئىزىدىن بىلگىلى بولىدۇ. جۇڭغار خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزىي ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جىگدىگشى ئەتراپىدا دەپ قاراشقا بولىدۇ دېگەن ئومۇم چۈشەنچە بار. ئەمەلىيەتتە خانلىق مەركىزى دەل ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قاينۇق ئەتراپى ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى قاينۇق ئەتراپىدا ئۇچرايدىغان يىگدىگشى خارابە ئىزناسى ئەمەلىيەتتە كونا قەلئە ئىزناسى بولۇپ، قورغاس ناھىيىسىدىكى ئالمالى كونا قەلئەسىدىن قېلىشمايدىكەن. شۇنىڭ

بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جۇڭغار خانلىقى دەۋرىگە تالىق كۆپلىگەن خارابىلارنىڭ ئىزنالىرى ۋە ئەل ئارىسىدا تارىلىپ يۈرگەن جۇڭغار خانلىقىغا ئائىت رىۋايەت ۋە يىڭدىكىشى ئەتراپىدىكى پارچە - پۇرات خارابىلار ئىزنالىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ يەر ئۆز زامانىسىدا خانلىقنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولغان، جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن قارىغاندا، جىڭدىكىشى ئەتراپلىرىدا قاتناش قولاي دېگەندىمۇ، مۇبادا دۈشمەن كەڭسايىنىڭ خەتەرلىك ئۆتكىلىنى بۆسۈپ تۆۋەنگە قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان بولسا، ھە دېگەندىلا جىڭدىكىشى ئەتراپى ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. قايناق تەرەپ بولسا، خېلى ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ. جەنۇپتا توساق بولۇپ ئۇيسۇن تېغى ئايرىپ تۇرىدۇ. قايناق ئەتراپىدا ساقلىنىپ قالغان جۇڭغارلار دەۋرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت دوۋلەنمە قەۋەتلىرى جىڭدىكىشىدىن كۆرە خېلى قېلىن. مېنىڭ قارىشىمچە يىڭدىكىشى تۇغرىسىدا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇندا زور كۈچ سەرپ قىلىپ قېزىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن جايلار بار. بۇ ئىككى ئورۇندىكى، مەشھۇر ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىگە دائىر ئىشلارنى شۇ دەۋردىكى روسىيىلىكلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. چاروسىيىنىڭ شۇ چاغدا جۇڭغارىيىدە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئادىمى ۋىراچكىن جۇڭگويى 1753 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مىڭدىن ئوشۇن قازاق قوشۇنى جۇڭغارىيىگە كەلگەنلىكىنى ئۇچراتقان. ئۇ، 1754 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چاروسىيىگە سۇنغان ئاخباراتىدا: «ھەر قايسى قىسىمدىن بولۇپ 5 مىڭدىن ئوشۇق سالداتنى داباجغا ياردەمگە ئەۋەتكەن ئىدۇق. مۇشۇنىڭ ئالدىدا ئەۋەتىلگەن قازاقلار قوشۇنى موڭغۇللارنىڭ ئىككى ئايىمىقىنى بىتچىت قىلىۋەتكەن» دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئايماق جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئوتوقىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، جىڭدىكىشىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى بولسا، 1753 - يىل ئاخىرىدا يۈز بەرگەن ئىچكى



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com